2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

**ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى**

مۇھىم خەۋەرلەر

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 4 ـ بەتتە)

**(3) كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىش، كەڭ دائىرىدە بىرلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز.** بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كېڭىشىش پائالىيىتىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، پارتىيەسىز ـ گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بېرىمىز. ئەزالار دەرىخانىسى، چوڭ ـ چوڭ مەخسۇس خىزمەتلەر ھەققىدە ئەزالار لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەرنى ياخشىلاپ، پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالار بىلەن سىردىشىش، سۆھبەتلىشىش، ئالاقە باغلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار ۋە يېڭى ئىجتىمائىي تەبىقىدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ـ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش بويىچە ئىختىساسلىقلار ئامبىرى قۇرۇپ، ۋەكىللىك زاتلارنى مۇھىم كېڭىشىش پائالىيىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ساھەسى، دىن ساھەسى بويىچە مەخسۇس كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، دىنىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىمىز. «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم يولغا قويۇلۇشىغا تۆرتكە بولۇشنى زىچ چۆرىدەپ، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق ئەزالارنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى كۈچەيتىپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار تۈزۈم ۋە مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى قەتئىي قوللايمىز. شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ساھە زاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتى بىلەن بىرىكىشى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرىمىز. تەيۋەن ئارىلىدىكى ئالاقىدار پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار ۋەكىللىرىنى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىششقا، ۋەتەنگە قايتىپ تەكشۈرۈشكە قاتنىششقا تەكلىپ قىلىش قاتارلىق مېخانىزملارنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، چياۋمىنلار خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشنى قانات يايدۇرىمىز.

**(4) خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تاشقى ئالاقىسىنى كۈچەيتىمىز.** دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا زىيارەت قىلىشى قاتارلىق تاشقى ئالاقىنى ئەمەلىي قانات يايدۇرۇپ، چەت ئەللەردىكى ئالاقىدار ئاپپاراتلار، سىياسىي تەشكىلاتلار، تاراتقۇ ئاقىللار ئامبىرى ۋە ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. كېڭىشىش ئاپپاراتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلارنىڭ مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى، ئاسىيا ئىجتىمائىي ئىشلار سۆھبەت مۇنبىرى ۋە «سىياسىي كېڭەشكە كىرىش» يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىمىز. ئالاقىدار تاشقى دوستلۇق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىمىز، جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇق گۇرۇپپىسى خىزمىتىنى مېخانىزملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا سەھىيە ھەمكارلىقى، يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىمىز. جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش توغرىسىدا قوش ھەپتىلىك كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچىمىز. جۇڭگو ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلار كېڭىشى ۋە جۇڭگو دىن ساھەسىدىكىلەر تىنچلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار خەلقئارا پائالىيەتلەرگە قاتنىششىنى قوللايمىز. تاشقى ئالاقىدە ئادىمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىدا مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتكە خاس مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى ۋە تۆھپىسىنى چۈشەندۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھېكايىسى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمى ۋە يېڭىچە پارتىيە تۈزۈمى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

**(5) خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز.** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆكۈم ۋە ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چۆرىدەپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە رولى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىمىز. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيە تەتقىقات تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەتقىقات كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن مەدەتكە ئىگە قىلىمىز.

**(6) خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز.** كېڭىشىش خىزمىتى قائىدىسىنى ئاساس قىلىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش خىزمىتى، تەشكىلىي باشقۇرۇش، ئىچكى يۈرۈشۈش قاتارلىق تەرەپلەرنى قاپلىغان تۈزۈم، مېخانىزمنى ئورنىتىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرىمىز. پارتىيەنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇق ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىرنى تۈزۈپ، يېڭىچە پارتىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش مېخانىزمىنى تاكاموللاشتۇرۇپ، تەكلىپ بېرىش، يىغىندا سۆزگە چىقىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي كېڭەشتە ئۆز پارتىيە ـ گۇرۇھلىرى نامىدا پىكىر بايان قىلىش، تەكلىپ بېرىش، كېڭىشىشنى قانات يايدۇرۇشنى مېخانىزم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرىمىز. مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزىمىز. سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ ئالاقە باغلاش ـ يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز.

پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەشتىكى تۈرلۈك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. «خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»نىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سىياسىي كېڭەش سىستېمىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىمىز. سىياسىي كېڭەش ئورگان قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۈلىنى كۈچەپ پۇختىلاپ، ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، قاتتىق تەربىيەلەپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، قاتتىق نازارەت قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلدىغان، خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان ئۈلگىلىك ئورگان بەرپا قىلىمىز.

## 3. ئاساسىي پۇختىلاش: يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىرى»دە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك نۇقتىلىق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىز جەزمەن ئۇنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي پۇختىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىمىز.** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە ھىمايە قىلىش خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغان چاغدىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشى، شۇنداقلا سىياسىي كېڭەش نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن تۈپ سىياسىي پىرىنسىپ. بۈگۈنكى دۇنيادا يۈز يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى قەتئىي قوغدىغاندىلا، بىز ئالدىدىن قىيىنچىلىقلارنى ئۆزلۈكسىز يېڭىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى كونكرېت بولىدۇ، ئۇنى جەزمەن نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىتتىپاقلىق ـ ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، تۈزۈم ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانى، ھەربىر ھالقىسىدا گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك. تۈزۈمنىڭ يۈرۈشۈشى، دېموكراتىك تەرتىپ ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى تىرىشىپ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كەڭ دائىرىدىكى ئورتاق تونۇشى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم بازىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**(2) مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىمىز.** مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئورنى ھەر تەرەپلىمە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، كېڭىشىشتە كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ئالغا سىلجىتىلىپ، خەلق دېموكراتىيەسى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەسىنىڭ بار مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىنغان. مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا سىلجىتىپ، بۇ ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ئۈنۈملۈك تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. خاراكتېر ۋە ئورۇندا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ھوقۇق ئورگىنىمۇ، قانۇن چىقىرىش ئورگىنىمۇ بولماستىن، بەلكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، سىياسىي ئەۋزەللىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سىياسىي تەشكىلات ۋە دېموكراتىك شەكىل ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم؛ كېڭىشىش فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىپ، كېڭىشىش ۋەزىپىسىنى تەشكىللەيدىغان ۋە ئۈستىگە ئالىدىغان ئاپپارات بولغان سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش سۇبيېكتى بولماستىن، بەلكى دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشتىكى مۇھىم سۇپا ئىكەنلىكى، بۇنىڭ سىياسىي كېڭەش «بىلەن» كېڭىشىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى سىياسىي كېڭەش «تە» كېڭىشىش دېگەنلىك ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىم؛ ئۇنىڭ مول مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، سىياسىي كېڭەشتە كېڭىشىشنىڭ كۆپ نۇقتىلىق ئالاھىدىلىكنى يەنى ھەم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەپ، خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىششىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن سىياسىي كېڭەشتە ھەر ساھەدىكىلەر بىلەن كېڭىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھەم سىياسىي كېڭەشتىكى ھەر ساھەدىكى ئەزالارنىڭ مەسلىھەت بېرىش ۋە ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كېڭىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، يەنە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر ساھەدىكى ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى كېڭىشىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش كېڭىشىشىنىڭ كەڭ دائىرىدە، كۆپ قاتلاملىق تۈزۈملىشىپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ فۇنكسىيەلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، كېڭىشىش خىزمىتى قائىدىسىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەشتىن ئىلگىرى ۋە تەدبىرنى يولغا قويۇش داۋامىدا كېڭىشىشنىڭ ئەمەلىيلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، سىياسىي كېڭەش كېڭىشىشىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ئەمەلىيىتىدىكى يېڭى تەجرىبە ۋە يېڭى ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كېڭىشىش ئارقىلىق قەلبنى ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملەپ، قەلبنى مۇجەسسەملەش ئارقىلىق كۈچنى مۇجەسسەملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**(3) ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەيمىز.** نۆۋەتتە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقى، زىددىيەت، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنىڭ كۆپلۈكى، كۆپ مەنبەلىك ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش، توقۇنۇش مىسلىسىز دەرىجىگە يەتتى، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. توغرا مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىشنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنىڭمۇ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشنىڭ نەتىجىسى ھەتتا تېخىمۇ مۇھىم نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك. ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى كۆزدىن كەچۈرۈش ـ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كېڭىشىش ـ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئەقىل كۆرسىتىش نەتىجىسى، ئىدىيە ھاسىلاتىنى بىر گەۋدە قىلىپ لايىھەلەپ، بىر گەۋدە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىش، «بىر خىللا» بولۇش يولىنى تۇتماسلىق، كەڭ دائىرىدە بىرلىشىش، «يەككىچىلىك» قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىدا، ئورتاق نىشاننى كۆرەش قىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى ۋە نىشان كۆرسەتكۈچى قىلىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، ئوخشاشلىقلارنى مۇجەسسەملەپ، پەرقلەرنى تۈگىتىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، تىرىشىپ ئەڭ چوڭ مەركەزداش چەمبەرنى ھاسىل قىلىپ، قۇدرەتلىك مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتە قىيىن بولغىنى «مۇجەسسەملەش»، مۇھىم بولغىنى «ئورتاق تونۇش». ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش دېگەنلىك پەرقسىز بىردەك بولۇشقا زورلاش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى نىشانلىق ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش دىگەنلىك؛ يەككە يۆنىلىشلىك سىڭدۈرۈش، پەند ـ نەسىھەت قىلىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ھەمتۈرتكىلىك پەددىسىدە كېڭىشىش ـ مۇھاكىمە قىلىش دېگەنلىك؛ ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا «ھەئە» دەپ قويۇش بولماستىن، بەلكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك؛ تېز تاماق پەدىسىدىكى دەرھال ئۈنۈم ھاسىل قىلىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىش دېگەنلىك. ئوخشاش بولمىغان پىكىرنى ئىش تېرىغانلىق، باشقىلارغا زورلاپ تېڭىشنى ئورتاق تونۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، مەسلىھەتلىشىشنى ئاۋارىچىلىك دەپ قارايدىغان خاتا قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەخلاق ئارقىلىق دوست تۇتۇپ، سەممىي مۇئامىلىدە بولۇپ، كىشىلەرنى قائىدە ئارقىلىق قايىل قىلىپ، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كېڭىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئىتتىپاقلىق ـ تەنقىد ـ ئىتتىپاقلىق ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى، تۈگۈن مەسىلىلەر ۋە ئالاھىدە تۈپنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاقە تورى تەرەققىياتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە لايىقلىشىپ، ئاساسىي قاتلام ۋە ھەر ساھەدىكى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ نىشانلىق ھالدا سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، كەيپىياتنى ئوڭشاش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساستا زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنىڭ مۇھىم يولىغا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشى ئۈچۈن پۇختا سىياسىي ئاساس، ئىجتىمائىي ئاساس ھازىرلىشىمىز كېرەك.

**(4) ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنى كۈچەيتىمىز.** سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ، تەسىرى چوڭ، شان ـ شەرەپى يۇقىرى، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى كەڭ تۈردە دىققەتكە سازاۋەر، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەيلى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە بولسۇن ياكى ئۆز خىزمەت ئورنىدا بولسۇن، شان ـ شەرەپنى قەدىرلەپ، مەسئۇلىيەتنى بىلىپ، ئىلگىرىلەشنى ئويلاپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرىدىغان، پاسسىپلىق قىلىدىغان، نام ـ مەنپەئەتنى قوغلىشىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىپ، ئاڭلىق ھالدا قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش، تەدبىر بەلگىلەشكە مەسلىھەت بېرىش، كېڭىشىش دېموكراتىيەسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاكتىپ ئېنېرگىيەسىگە ئايلىنىشىمىز لازىم. ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل ئۈستىگە ئېلىشقا ماھىر بولۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش تەلىپىگە لايىقلىشىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «كىتابخۇمار سىياسىي كېڭەش» بەرپا قىلىشىمىز، سىياسىينى ئىگىلەش ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، كېڭىشىشنى بىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قائىدىگە ئەمەل قىلىش، پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈزۈمىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشنى سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە پائال، ئۈنۈملۈك قاتنىششتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق بىلەن ھەققىي تۈردە زىممىمىزگە ئېلىپ، دادىل ئىشلەشنى باش ئورۇنغا، ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ سىياسىي تەشكىلات ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، سىياسىي مەيداندا مۇجمەل پوزىتسىيە تۇتماي، سىياسىي پرىنسىپتا تەۋرەنمەي، ھالقىلىق پەيتتە ئىشەنچلىك، پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان، دادىل ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان بولۇپ، مەيدانى مۇستەھكەم، مەسئۇلىيەتنى نەمۇنىلىك بىلەن ئادا قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق مەسئۇل ئەزالىق تەلىپىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئالاقە باغلىغان ساھەلەردىكى ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشىمىز، بىرلىكتە ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

ئەزالار! «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بۇرچى شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتى ئېغىر. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىدا جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشايلى!

(**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**)

(**تەرجىمىسنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى كاتىبات باشقارمىسى تەمىنلىگەن**)